# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 4 - ئاي 18 شەنبە
维吾尔文 4 月18日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报网 : www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65－0002/－W : مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25035 - سان بۈگۈن 4 بەت


### بېلارۇسىيەدە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن

# شى جىنپىڭ بېلارۇسىيە زۇڭتۇڭى لۇكاشېنكوغا ھال سوراش تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى بېلارۇسىيە زۇڭتۇڭى لۇكاشېنكوغا تېلېگراما ئەۋەتىپ، يېقىندا بېلارۇسىيەدە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن بېلارۇسىيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىدىن سەممىي ھال سورىدى.

شى جىنپىڭ ھال سوراش تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ قېتىم يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، جۇڭگو - بېلارۇسىيە ئىككى دۆلەت ئۆزئارا قوللاپ ۋە ياردەم بېرىپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇش، ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولۇشتەك سەممىي دوستلۇقنى نامايان قىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئاچتى

### دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇشنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، ھازىرقى ئىقتىساد ۋەزىيىتى ۋە ئىقتىساد خىزمىتىنى تەھلىل قىلدى، تەتقىق قىلدى

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى يىغىن ئېچىپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇشنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلدى؛ ھازىرقى ئىقتىساد ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلدى، تەتقىق قىلدى، ھازىرقى ئىقتىساد خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ۋە ھازىرقى ئىقتىساد ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى، ھازىرقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد خىزمىتىنى تەتقىق قىلىپ، ئالاقىدار پىكىرلەرنى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇشنى قارار قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنىڭ ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ھالىتى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى، لېكىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش نەتىجىسىنى ساقلاش، يۇقۇمنىڭ قايتا كۆرۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋەزىپىسى ئېغىر، جەزمەن تەستە قولغا كەلگەن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش نەتىجىسىنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش جەڭ نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى چىڭ تارتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، ۋاقىت ۋە ۋەزىيەتكە قاراپ سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ھەم ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، خەلق ئاممىسىنى زۆرۈر مۇداپىئەلىنىشنى ياخشى ئىشلەشكە پائال يېتەكلەپ، يۇقۇم ئەھۋالىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كېلىشىنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: خۇبېي ئۆلكىسى ۋە ۋۇخەن شەھىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، ئېغىر ئاغرىقلارنى كۆڭۈل قويۇپ داۋالاپ، ئەستايىدىل كۈتۈشى، مەھەللىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى پۇختا تۇتۇپ، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىغا قارىتا نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش بويىچە تەكشۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى تەكشۈرۈش، باشقا كىشىلەر توپىغا قارىتا تەكشۈرۈشنى خالىسىلا ھەممىسىنى تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇش كېرەك. باشقا رايونلار ۋۇخەندىن ئايرىلغان خادىملارنى باشقۇرۇش ۋە ساغلاملىقىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش بەلگىلىمىسىنى ھەرىكەتچان تەڭشەپ، خۇبېي ئۆلكىسى ۋە ۋۇخەن شەھىرى بىلەن نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش، ئايرىپ كۆزىتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۇچۇرلارنى ئۆزئارا راۋانلاشتۇرۇشى، ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. خۇبېي ئۆلكىسى ۋە ۋۇخەن شەھىرىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى سىياسەت جەھەتتىن قوللاشنى كۈچەيتىپ، ئاممىغا ياردەملىشىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش، كىرىم قىلىش، ئوقۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش كېرەك. بېيجىڭ شەھىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىش كېرەك. ھەرقايسى جايلار ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى دەل جايىدا ياخشى تۇتۇپ، يېڭىدىن كۆپەيگەن يەرلىكتىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىساللىرىغا قارىتا تارقىلىشچان كېسەل ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئاشكارىلانغان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەسىلىلىرىنى ۋاقتىدا بايقاپ، ئاجىز ھالقىلارنى مۇستەھكەملەپ، كەمتۈكلۈك، يوچۇقلارنى تولۇقلىشى كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ئومۇمىي بۇيرۇققا ئىمزا قويۇپ

# ئارمىيەدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغان بارلىق خادىملارنى تەقدىرلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا ئومۇمىي بۇيرۇققا ئىمزا قويۇپ، ئارمىيەدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغان بارلىق خادىملارنى تەقدىرلىدى.

تەقدىرلەش بۇيرۇقىدا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن كېيىن، پۈتۈن ئارمىيەدىكى قىسىملار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ تەدبىر، بۇيرۇقلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، بۇيرۇق بېرىلگەن ھامان ھەرىكەتكە كېلىپ، ئېغىر يۈكنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ، مۇھىم تاپشۇرۇقنى يەردە قويماي، بۇرچىنى ئادا قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى. ۋەزىپە قىسمىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار باتۇرلۇق بىلەن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئاۋانگارت ئەترەت،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## 30 ياشلىق قىرانلىق مەزگىلىدە قايتىدىن ھالقىش

### — يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشكە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە

3 - بەتتە

ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۇقتىلىق خەلق تۇرمۇشى تۈرلىرىدە قۇرۇلۇش تېزلىتىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايون «مۇھىم ئامىللار تۈرگە ئەگىشىپ مېڭىش»تا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىك ئالغا سىلجىتىلىش داۋامىدا چېتىلىدىغان ئورۇن تالالاش، يەر ئىشلىتىش، مۇھىت تەسىرىنى باھالاش، ئورمان - ئوتلاق، سۇ - تۇپراقنى ساقلاشنى پىلانلاش قاتارلىق مەسىلىلەرنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ھەل قىلىپ، نۇقتىلىق خەلق تۇرمۇشى تۈرلىرىدە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قۇرۇلۇش قىلىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتى.

4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمگۇ رايونى خۇڭگۇاڭشەن كۆرگەزمە تەۋەلىك رايونىغا جايلاشقان ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئېغىز بوشلۇقى دوختۇرخانىسىنىڭ قۇرۇلۇش تۈرى ئورنىدا، بېشىغا بىخەتەرلىك قالپىقى كىيگەن ۋە ماسكا تاقىغان ئىشچىلار تەرتىپلىك مەشغۇلات قىلىۋاتاتتى. بۇ يىل، تۈردە ئاساسلىقى ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلمىسىدا قۇرۇلۇش قىلىنىپ، كېلەر يىلىنىڭ ئاخىرى ئىشقا كىرىشتۈرۈش پىلانلاندى.

بۇ دوختۇرخانىنىڭ دوختۇرخانا باشلىقى نىيې بىن مۇنداق تونۇشتۇردى: تۈرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 65 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 260 چىش بۆلۈمى ئورۇندۇقى ئورنى، 100 كېسەل كارىۋىتى تەسىس قىلىنىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان داۋالاش، ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات، ئالدىنى ئېلىش،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)



## دېھقانچىلىق پەيتىنى چىڭ تۇتۇش

**4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، خوشۇت ناھىيەسىنىڭ چۇقۇ بازىرى دۇڭدۇ قۇدۇق كەنتىدىكى دېھقانلار گازىر تاۋۇزى تېرىماقتا. يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، خوشۇت ناھىيەسىدىكى دېھقانلار دېھقانچىلىق پەيتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، ئەتىيازلىق پەرۋىشنى قانات يايدۇردى، ئېتىزلاردا ئالدىراش مەنزىرە نامايان بولدى.**

**□ چۇ.خورە فوتوسى**

### جۇڭگونىڭ پاكىستاننىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بېرىش داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ ۋەتەنگە قايتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لى** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ پاكىستاننىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بېرىش داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىدىكى سەككىز كىشى بېكىتىلگەن ۋەزىپىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ ھۆددىگە ئالغان ئايروپىلان بىلەن جۇڭگوغا قايتىپ، شۇ كۈنى سائەت 20دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە ئۈرۈمچى دىۋوپۇ خەلقئارا ئايروپورتىغا يېتىپ كەلدى.

3 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنىگىچە، داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، پاكىستان پايتەختى ئىسلامئاباد، پەنجاپ ئۆلكىسىنىڭ لاھور شەھىرى، سىندى ئۆلكىسىنىڭ كاراچى شەھىرىگە بېرىپ، ئايرىم - ئايرىم فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى، ھەربىي تەرەپ، دۆلەت سەھىيە مەركىزى، يەرلىك سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى، دوختۇرخانا ۋە تېببىي شۆيۈەن، قىزىل يېڭى ئاي جەمئىيىتى بىلەن كەسپىي جەھەتتە پىكىر ئالماشتۇرۇپ، كۆپ قېتىم سىن يىغىنى ئېچىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا دىياگنوز قويۇش، كىلىنىكىلىق داۋالاش،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايونىمىز كارخانىلارنىڭ 3 مىليارد 416 مىليون يۈەن ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى باسقۇچلۇق كېمەيتتى، كەچۈرۈم قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى چۈنشيا**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش، كارخانىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى باسقۇچلۇق كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويغان، بۇ يىل 2 - ئايدىن 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە، كارخانىلارنىڭ كۈتۈنۈش، ئىشسىزلىق، ئىشتا يارىلىنىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققى جەمئىي 3 مىليارد 416 مىليون يۈەن كېمەيتىلىپ، كەچۈرۈم قىلىنىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 100 مىڭ 200 ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنغا نەپ يەتكۈزۈلگەن.

ئىگىلىنىشچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، كارخانىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى باسقۇچلۇق كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش، كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇش سىياسىتىنى تېزدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، 2020 - يىلى 2 - ئايدىن 6 - ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ كۈتۈنۈش، ئىشسىزلىق، ئىشتا يارىلىنىش سۇغۇرتىسىنىڭ ئورۇنلار تاپشۇرىدىغان ھەق قىسمىنى كەچۈرۈم قىلغان؛ 2020 - يىلى 2 - ئايدىن 4 - ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ تىپتىكى كارخانىلارنىڭ كۈتۈنۈش، ئىشسىزلىق، ئىشتا يارىلىنىش سۇغۇرتىسىنىڭ ئورۇنلار تاپشۇرىدىغان ھەق قىسمىنىڭ يېرىمىنى كېمەيتىپ يىغقان.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

### يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى

# «يەرلىك مۇتەخەسسىسلەر» «ئېتىز زىيالىيلىرى» ئېتىز - ئېرىقلارنى جانلاندۇردى

«يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش ئاساسىنى مۇستەھكەملەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ جىلى**، ئاقسۇ مۇخبىرلار پونكىتىدىن **ليۇ خۇڭۋېن** خەۋەر قىلىدۇ: «ياڭاق دەرىخى يېڭىدىن چىقارغان ئاتىلىق بىخ ئانىلىق بىخقا قارىغاندا ئوزۇقلۇقنى تېز سۈمۈرىدۇ، كۆپ سۈمۈرىدۇ، شۇڭا ئارتۇقچە ئاتىلىق بىخنى ئېلىۋېتىش كېرەك.» 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ كۆكيار بازىرى ياڭاق يېڭى كەنتىدىكى باغۋەن چېن كەيىنىڭ ياڭاقلىقىدا، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نەزەرىدىكى «يەرلىك مۇتەخەسسىس» شياۋ خۇڭبىڭ چېن كەيىگە بىخنى ئېلىۋېتىش تېخنىكىسىنى قولمۇقول ئۆگىتىۋاتاتتى.

باغ - ئورمان تېرىلغۇ كۆلىمى 4 مىليون 500 مىڭ موغا يېتىدىغان ئاقسۇ ۋىلايىتىدە، ھەممە كەنتتە دېگۈدەك باغ - ئورمان بىنا قىلىنغان بولۇپ، ھەرقايسى كەنتلەردە، ھەتتا ھەرقايسى كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىلىرىدا شياۋ خۇڭبىڭغا ئوخشاش باغ - ئورمان «يەرلىك مۇتەخەسسىسلىرى» بار. ئۇلار ئەسلىدە كەنتتىكى باغ - ئورمان تېرىقچىلىق چوڭ ئائىلىلىرى بولۇپ، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق مول ئىلمىي ئۆستۈرۈش ۋە پەرۋىش تەجرىبىلىرىنى توپلاپ، بۇ تەجرىبىلەرنى ئەتراپتىكى يۇرتداشلارغا يەتكۈزدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)